شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 7 - ئاي
11
پەيشەنبە
维吾尔文 7月11日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24753 - سان بۈگۈن 4 بەت

باشلامچىلىق بىلەن «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى باش ۋەزىپە قىلايلى

— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐**خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

خىزمەت جايلىرىدا، ئاچقۇچ مەركەزدە. «ئىككىنى قوغداش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى پارتىيەمىزنىڭ مۇھىم، زور سىياسىي نەتىجىسى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىسى، پارتىيەمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم سىياسىي ئىنتىزامى ۋە سىياسىي قائىدىسى.

«باشلامچىلىق بىلەن ‹ئىككىنى قوغداش›نى ئىشقا ئاشۇرۇش مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى باش ۋەزىپە.» مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلغاندىلا، ئاندىن مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ سىياسىي ئورگان بولۇشتەك روشەن خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلىغىلى بولىدۇ، دەپ تەكىتلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

چېن چۈەنگو ئۈرۈمچىدە كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچىدە كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ھەقىقىي تۈرتكە بولۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇش كېرەك.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو جېڭۋېي گۇرۇھى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېرمىنال كەسپلەر باغچىسىدا تۈر قۇرۇلۇشى، مەھسۇلات تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئەستايىدىل ئاڭلىماقتا.
☐مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

باۋگاڭ گۇرۇھى شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر چەكلىك شىركىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەسىپ زەنجىرى ئەڭ ئۇزۇن، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، مەھسۇلات تۈرى ئەڭ تولۇق بولغان پولات - تۆمۈر كارخانىسى. چېن چۈەنگو 1 - تۆمۈر تاۋلاش شۆبە زاۋۇتىنىڭ مەركىزىي كونتروللىخانىسى ۋە قىزدۇرۇپ پروكاتلاش شۆبە زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا كىرىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى

تەپسىلاتى 2 - بەتتە

شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

تەرەققىيات مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ مەدەنىيەت ۋە ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىدىكى بوغما ھالەت مەسىلىسىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ھەل قىلىپ، تەرەققىيات مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ساياھەت كەسپى سۇبيېكتىنى زورايتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە ساياھەت مۇھىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامايان قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن پۈتۈن رايون ساياھەتچىلىكى ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، بۇ يىل ئۈرۈمچى ناھىيەسى يىپەك يولى مەدەنىيەت كۆرگەزمە مەركىزىنىڭ ئەتراپىدا 10 مىڭ مو گۈلزارلىق مەنزىرىسى بەرپا قىلىپ، ھەم ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ھەم ھەقىقىي مەنزىرىلىك ئويۇن قويۇش مەركىزى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 57 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

مۇشۇ ئاينىڭ 23 - كۈنى دائىمىي كومىتېتنىڭ 11 - يىغىنىنى ئېچىشنى قارار قىلدى

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 57 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، مۇشۇ ئاينىڭ 23 - كۈنى دائىمىي كومىتېتنىڭ 11 - يىغىنىنى ئېچىشنى قارار قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا دائىمىي كومىتېت 11 - يىغىنىنىڭ قارالما لايىھەسى ھەم ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى قاراپ چىقىلدى. مۇدىرلار يىغىنىنىڭ تەكلىپ قارالمىسىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 - يىغىنىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش نىزامى(تۈزىتىلمە لايىھەنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)» قاراپ چىقىلىدۇ؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاش، تۈزىتىشكە سۇنغان «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش، باشقۇرۇش نىزامى»،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆرسەتكۈچى مۇقىملىق ئاساسىدا ئۆستى

شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن 353 مىڭ 400 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى

يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن 1 مىليون 756 مىڭ 200 ئادەم قېتىم يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى

مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئالدىنقى يېرىم يىلدا، ئاپتونوم رايونىمىز مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆزلەپ، نۇقتىلىق توپ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتىدە ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇش ساقلانغان، ئاساسلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆرسەتكۈچى مۇقىملىق ئاساسىدا ئۆسۈپ، «يېرىم يىلدا ۋەزىپىنىڭ يېرىمىنى ئورۇنداش» ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

ئالدىنقى يېرىم يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن 353 مىڭ 400 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپىنىڭ 78.52%ى ئورۇندالدى؛ يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن 1 مىليون 756 مىڭ 200 ئادەم قېتىم يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپىنىڭ 65.04%ى ئورۇندالدى؛ شەھەر - بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قىيىن بولغان 28 مىڭ 900 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپىنىڭ 72.22%ى ئورۇندالدى؛

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

«تۈزىتىش»نى باشتىن - ئاخىرىغىچە سىڭدۈرۈپ تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇش

— ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا ئالغا سىلجىتقانلىقى توغرىسىدا يۈرۈشلۈك ئوبزورسال بايان

☐**مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن**

«‹ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسىدە، بىز خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى مەخسۇس تۈزەشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىي تۇتۇپ، ئامما ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەردىن تۇتۇش قىلىپ، نازارەت قىلىش بىرىنچى ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ئاشكارا تەكشۈرۈش، يوشۇرۇن زىيارەت قىلىش ۋە نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، نازارەت قىلىش، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش، جاۋابكارلىققا تارتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ‹مىتە›لەرنى چوڭقۇر قېزىپ، ئۇزۇل - كېسىل تەكشۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئاممىغا ئىستىلنى توغرىلاش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ ئەتراپىدىلا ئىكەنلىكىنى، پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقىنىڭ ئەتراپىدىلا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئەمەلىي تۈزىتىش نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە كادىرلىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىمىز» دېدى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رىۋىزىيە كومىتېتى پارتىيە ئىستىلى - ھۆكۈمەت ئىستىلى نازارەتچىلىك ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قۇربانجان يۈسۈپ.

باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش - ئېرىشەلمەسلىكتە، جەزمەن مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئاساسلىق تەكشۈرۈش ئۆلچىمى قىلىش كېرەك. ئاپتونوم رايوندىكى بىرىنچى تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرغان تارماقلار، ئورۇنلار «تۈزىتىش»نى باشتىن - ئاخىرىغىچە سىڭدۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىش، دەرھال تەكشۈرۈپ، دەرھال تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش نەتىجىلىرى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى سىنىدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

قىسقا ئوبزور

ھەقىقىي، ئەمەلىي تۈزىتىش ئىنچىكە، تەپسىلىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش

☐**جاۋ جيۈن**

بىر ئۇلۇش ئورۇنلاشتۇرما، توققۇز ئۇلۇش ئەمەلىيلەشتۈرۈش. تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشتا، «تۈزىتىش»نى ئاچقۇچ، «ئەمەلىيلەشتۈرۈش»نى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلەشنى بىرلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈش بىلەن تۈزىتىشنى تۇتاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى بىرمۇبىر تۈزىتىپ، ئىشلارنى بىرمۇبىر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىدە پۇختا نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشتا مۇھىمىنىڭ مۇھىمى ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەردىن تۇتۇش قىلىپ، تۈزىتىش، ھەل قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى توغرىسىدا زىيارەت②

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى نىشانلاش كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش

☐**مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىڭرۆي**

نامرات ئائىلە ۋە نامرات رايونلارنى پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە كىرگۈزۈش پارتىيەمىزنىڭ تەنتەنىلىك ۋەدىسى. بۇ ۋەزىنلىك ۋەدە شىنجاڭ تۇپرىقىدا تېزدىن رېئاللىققا ئايلانماقتا. بۇنىڭ بىلەن تەڭ چاقنىغىنى يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز كارخانىلىرى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەرنىڭ شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىغا چىن كۆڭلىدىن قىلغان ياردىمى، تيانشاننىڭ جەنۇبىي - شىمالىدىكى نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان كادىرلار، ئاممىنىڭ بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى سىماسى بولدى.

مەبلەغ تۈرى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە كۈچەش

يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، بولۇپمۇ 6 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىدىن بۇيان، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز كارخانىلىرى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى باش ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدە نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولدى.

قومۇل شەھىرىدە، خېنەن ئۆلكىسى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش نامراتلارنى يۆلەش توققۇز تۈرلۈك ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، شۇ جايدىكى نامرات ناھىيەلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ قالپاقنى چۆرۈپ تاشلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا كۈچ قوشتى. 2010 - يىلدىن بۇيان، خېنەن ئۆلكىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش جەھەتتە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرىدىن جەمئىي 98نى ئورۇنلاشتۇرۇپ، 1 مىليارد 350 مىليون يۈەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)